

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

يېڭى جۇڭگونىڭ قايىنام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

1 مىليون ئەسكەر قىسقارتىش

1985 ـ يىلى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت 1 مىليون ئەسكەر قىسقارتىش قارارىنى چىقاردى، بۇ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەش ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ھەرىكىتى، شۇنداقلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن قوشقان مۇھىم تۆھپىسى.

11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىدىن كۈچ ئاجرىتىپ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش تەلىپى، ھەمدە قۇدرەتلىك زامانىۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان ئىنقىلابىي ئارمىيە قۇرۇش يېتەكچى فاڭجېنىغا ئاساسەن، ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا بىر قاتار مۇھىم، زور ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى. 1982 ـ يىلى، ھەربىي كومىتېتنىڭ ھەرقايسى تېخنىكىلىق قىسىم تۈرلىرى قىسقارتىلىپ، قوشۇۋېتىلىپ، باش سەنمۇبۇنىڭ ئەسكەر تۈرى قىسمى قىلىندى، تۆمۈريول ئەسكەرلىرى قىسىملىرى تۆمۈريول مىنىستىرلىقىغا كوللېكتىپ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ باردى. قوماندانلىق ئورگانلىرىنى كۆپلەپ قىسقارتىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن بىللە، ئېلېكترونلۇق قارشىلىشىش قىسمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ، دۆلەت مۇداپىئە پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى تەشكىللىنىپ قۇرۇلدى، بۇ، جۇڭگو قوراللىق كۈچلىرى تۈزۈلمىسىدىكى بىر مۇھىم، زور ئۆزگىرىش.

1985 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت بېيجىڭدا ھەربىي كومىتېتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئاچتى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى دېڭ شياۋپىڭ يىغىندا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 1 مىليون ھەربىي ئىشتاتىنى ئازايتىدىغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى. بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرەتكە، ئىشەنچكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۇ، 1 مىليارد ئاھالىگە ئىگە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشنى خالايدىغانلىقى ھەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا ئاساسەن، 1985 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئالدى بىلەن ئورگان، ئاندىن قىسىم، مەكتەپلەر ۋە كاپالەت ئورۇنلىرى تەرتىپى بويىچە، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە 1 مىليون ئەسكەر قىسقارتىشنى تەشكىللەپ يولغا قويدى. 1987 ـ يىلغا كەلگەندە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 1 مىليون ئەسكەر قىسقارتىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى. بۇ قېتىمقى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، ئىخچاملاپ تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ئاپپاراتى سەرخىل بولۇش، قوماندانلىق قىلىش جانلىق، قولاي بولۇش، ئىنكاسى تېز بولۇش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، جەڭگىۋارلىقنى كۈچەيتىش نىشانىغا قاراپ پۇختا قەدەم تاشلىدى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ باش تۇتقا. يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كۆپ قېتىم دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ھەرقايسى ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە(شەھەر، رايون)، يېزا(بازار)، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، «بەش دەرىجىلىك شۇجى»لارنىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇشتىكى بىرىنچى مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، دەرىجىمۇدەرىجە تۇتىدىغان مەسئۇلىيەت سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلدى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

تاكامۇللاشقان، مۇكەممەل تەشكىلىي سىستېما بولغاندىن باشقا، يەنە كونكرېت يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئىستراتېگىيەلىك يىرىك پىلانمۇ زۆرۈر ئىدى. 2017 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تېزدىن يىغىن ئېچىپ، مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئىككىنچى يىلى 2 ـ ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، نىشان ـ ۋەزىپىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. يىغىندىن كېيىن، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2018 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى يىرىك پىلانى(2018 ـ يىلدىن 2022 ـ يىلغىچە)» رەسمىي بېسىپ تارقىتىلىپ يولغا قويۇلۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى باسقۇچلۇق پىلانلىنىپ، بىر قاتار مۇھىم، زور قۇرۇلۇش، مۇھىم، زور پىلان، نۇقتىلىق ھەرىكەتلەر ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلمىي، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى مۇھىم ئاساسقا ئايلاندى.

ئىككى يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى ـ تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش سىياسەت سىستېمىسى كۈندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللىشىپ، «كەسپلەر گۈللەنگەن، ئېكولوگىيەسى ياشاشقا باب كېلىدىغان، يېزا ئىستىلى مەدەنىي، ئىدارە قىلىنىشى ئۇنۇملۇك، تۇرمۇش باياشات» بولغان يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يۆگمە رەسىمى تەدرىجىي ئېچىلدى.

سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش

يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىدا مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتى نامايان بولۇپ، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى مۇقىم بولۇپ، سىجىل ئېشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاپ، «تۇراقلاشتۇرغۇچ»لۇق رولىنى جارى قىلدۇردى.

يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار سىجىل، مۇقىم تەرەققىي قىلدى، بۇ، يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر قانات يايدۇرغانلىقنىڭ پايدىسىدىن بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، سۈپەت ۋە ئۈنۈم يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئۆلچەمگە ئايلاندى. «ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئىشلەپچىقارغان ئورگانىك ئۈزۈمنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 20 يۈەنگە يېتىپ، ئادەتتىكى ئۈزۈمدىن خېلىلا يۇقىرى.» گۇچۇڭ ناھىيەسى فېڭيۇ يېزا ئىگىلىك مۇلازىمىتى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش ئەزاسى لى چياڭ مۇنداق دېدى: ھەمكارلىق كوپېراتىپىمىز ئورگانىك بوغداي تېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەتمىدى، گەرچە بوغداينىڭ ھوسۇلى تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن مو بېشى ئوتتۇرىچە ئۈنۈمى ھەرگىز تۆۋەن ئەمەس، بۇ، بوغداينىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىكى بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، كەسپ تەرەققىيات بوشلۇقىنى كېڭەيتتى.

بۇ ئىككى يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا «ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەز سورتىنى ئەلالاشتۇرۇش، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، باغۋەنچىلىكنى كۈچەيتىش، خاس كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈش» تەرەققىيات پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، سۈپەت ۋە ئۈنۈمنى مەۋقە قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، سۈپەتلىك بوغداي تېرىش نىسبىتى 20%كە يەتتى؛ كېۋەز تېرىش ئۈزلۈكسىز ئەۋزەل ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، 60% پاختىنىڭ سۈپىتى دۇنيادىكى سۈپەتلىك پاختا بىلەن تەڭلەشتى؛ باغ ـ ئورمانچىلىقتا سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىدا باسقۇچلۇق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، مېۋىنىڭ ھوسۇلى، سۈپىتى، سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆسۈشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شوخلا پىششىقلاش، لازا پىششىقلاش قاتارلىق رايون خاس كەسپلىرى تەرەققىياتتىكى يېڭى يارقىن نۇقتىغا ئايلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچلۈك تىرەك بولدى.

يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى باشتىن ـ ئاخىر مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلاردىن ئايرىلالمايدۇ. يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى توپلاپ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئىختىساسلىقلار تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. پەن ـ تېخنىكىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش، مۇتەخەسسىسلەر سەييارە لېكسىيە سۆزلەش، ئېتىز بېشى دەرسخانىسى قاتارلىق تەربىيەلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، نامرات كەنتلەردە ئىگىلىك تىكلەپ بېيىش باشلامچىلىرىنى يېتىشتۈردى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ۋە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلىدى ۋە رىغبەتلەندۈردى، ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانى، دېھقانچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى، كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكى تەشكىلاتى قاتارلىقلارغا تايىنىپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى بىر تۈركۈم كەسپىي دىرېكتورلار، ۋاستىچىلەر، ئېلېكترونلۇق سودا ماركېتىنىڭ خادىملىرى قاتارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىختىساسلىقلىرىنى قوللىدى، يېتىشتۈردى.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىگىلىك تىكلەپ بېيىش باشلامچىلىرى 20 مىڭ ئادەم قېتىمدىن كۆپرەك تەربىيەلەندى، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەنلەر ۋە ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلاردىن 40 مىڭدىن كۆپرەكى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى، ئىگىلىك تىكلىدى. يېزىلاردىكى كەسپىي ئىختىساسلىقلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى ئىختىساسلىقلار كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىش، مۇھىتنى ئولتۇراقلاشقا باب كېلىدىغان قىلىش

«مۇقىم خىزمىتىم بار بولدى، ئائىلە كىرىمىم كاپالەتكە ئىگە بولدى، كۈنلىرىمىز ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ ئۈمىدكە تولدى.» كېرىيە ناھىيەسى ئۇيتوغراق يېزىسى يارمەھەللە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئېبىز يۈسۈپ زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، تۇرمۇشىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ئېبىز ئىشلەۋاتقان كېرىيە ناھىيەسى گۈيمى بېيو پەن ـ تېخنىكا پايپاق چەكلىك شىركىتىدە ئۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى زامانىۋى زاۋۇتقا كىرىپ، يېڭىچە سانائەت ئىشچىلىرىغا ئايلىنىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ.

ئىككى يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2017 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 11.57%تىن 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 6.51%كە تۆۋەنلىدى. زور بىر تۈركۈم دېھقان ـ چارۋىچى كۆپ خىل يول ئارقىلىق يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ، كىرىمنى ئاشۇردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى كۈنسېرى ياخشىلىنىش بىلەن بىللە، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ مۇھىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى.

«زىيانسىز پاكىز ھاجەتخانا يېزىلاردا كېڭەيتىشكە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ، سېلىنمىسى كۆپ ئەمەس، ئەمما ئۈنۈمى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك.» شايار ناھىيەسى گۈلباغ بازىرى يېڭى ئاقئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى زۇلپىيەم بارات مۇنداق دېدى: پاكىز ھاجەتخانىنى كېڭەيتىش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتتى، كەنتنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

بۇ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ھاجەتخانىلارنى ئۆزگەرتىش، ھويلا ـ ئاران مۇھىتىنى تۈزەش، تۇرالغۇ مۇھىتىنى تۈزەش، بۇلغىمىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئەخلەتلەرنى تازىلاش، لاي ـ لاتقىلارنى تازىلاش قاتارلىق ھويلا ـ ئارانلارنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئالتە ئىش»نى چۆرىدەپ، «مىڭ كەنتتە ئۈلگە كۆرسىتىش، ئون مىڭ كەنتنى تۈزەش» قۇرۇلۇشىنى باشلاپ يولغا قويۇپ، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردا «ھاجەتخانا ئىنقىلابى» ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، 14 ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر) بىردەك يېزىلاردا پاكىز ھاجەتخانىلارنى يېڭىدىن سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردا پاكىز ھاجەتخانىلارنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 42%كە يەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يەنە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە يېشىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلىپ، سۇنى تېجەش، ئوغۇتنى ئازايتىش، دورىنى ئازايتىش، سولياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىشتىن ئىبارەت «تۆت چوڭ ھەرىكەت» يولغا قويۇلدى. بۇ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە قالدۇق سولياۋ يوپۇقلارنى يىغىۋېلىش نىسبىتى 75%تىن ئاشتى، دېھقانچىلىق دورىسى ۋە خىمىيەۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى مۇقىم ئۆستى، بايلىققا تايىنىش، خورىتىشقا تايىنىشتەك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات ئۇسۇلى تارىخقا ئايلاندى.

يېزىلارنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەكتە.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

جۇاڭ شىچۈەن: «جۇڭخۇانى مەڭگۈ سۆيىدىغان، ئىرادىسىدىن يانمايدىغان» ۋەتەنپەرۋەر چياۋمىنلار رەھبىرى

جۇاڭ شىچۈەننىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شيامېن، 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر يەن جېخۇڭ) «گەرچە يولداش جۇاڭ شىچۈەن بىزدىن ئايرىلغىلى 30 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ‹جۇڭخۇانى مەڭگۈ سۆيۈش، ئىرادىسىدىن يانماسلىق› روھى يەنىلا كېيىنكىلەرنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەرمەكتە.» ۋەتەنپەرۋەر چياۋمىنلار رەھبىرى جۇاڭ شىچۈەننى تىلغا ئالغاندا، فۇجيەن ئۆلكىسى چۈەنجوۇ شەھىرى ئەنشى ناھىيەلىك تاشقى ئىشلار ـ چياۋمىنلار ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ پېنسىيەگە چىققان كادىرى چېن كېجىن چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە، جۇاڭ شىچۈەن خۇددى بىر ئابىدىگە ئوخشاش كېيىنكىلەرگە ئىلھام بەرمەكتە.

جۇاڭ شىچۈەن 1888 ـ يىلى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شيامېن شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئەسلى يۇرتى چۈەنجوۇ شەھىرى ئەنشى ناھىيەسىنىڭ لۇگېن بازىرى. ئۇ 1911 ـ يىلى چەت ئەلدە سۈن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو تۇڭمېڭخۇيىگە كىرگەن، 1925 ـ يىلى جۇڭگو گومىنداڭ پارتىيەسىگە كىرگەن، 1947 ـ يىلى جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1982 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە تەستىقلىشى بىلەن، 95 يېشىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى بولغان. جۇاڭ شىچۈەن جۇڭگودىكى ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر خۇاچياۋلار داھىيسى، سودا ـ سانائەتچى، مائارىپچى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، يېڭى جۇڭگو خۇاچياۋلار ئىشلىرى خىزمىتى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ: «جۇڭخۇانى مەڭگۈ سۆيىمەن، ئىرادەمدىن يانمايمەن!» دەپ ئۆمۈرلۈك ۋەدە بەرگەن.

جۇاڭ شىچۈەن بۇرۇن تۇڭمېڭخۇيگە قاتنىشىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان مىنگو ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئۈچ قېتىم جەنۇبىي ئوكيانغا بېرىپ پۇل توپلىغان، كېيىن سىنگاپوردا ئوقەت قىلىپ، مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان، ئىلگىرى فىلىپپىن، ھىندونېزىيە، شياگاڭ ۋە جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى ئارىسىدا چېپىپ يۈرۈپ، جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئىنقىلابىي ئىلغار خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ھەم ئۈچ قېتىم ئەكسىيەتچى دائىرىلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان.

1925 ـ يىلى «30 ـ ماي ھەرىكىتى» پارتلىغاندا، جۇاڭ شىچۈەن ۋە رەپىقىسى يۇ پېيگاۋ گومىنداڭ پارتىيەسى فۇجيەن ئۆلكىلىك پىرقىسى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن «شيامېن خەلق دىپلوماتىيە ئارقا سەپ ياردەم بېرىش جەمئىيىتى»نى تەشكىللەپ، ئىش تاشلاش، دەرس تاشلاشنى قوزغىغان، گومىنداڭ ـ كومپارتىيە ھەمكارلىقىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ياپونىيە ماللىرىنى بايقۇت قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان. ياپونىيەنىڭ شيامېندىكى كونسۇلخانىسى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىلگىرى تەيبېيدە دۇكان ئاچقانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۇنى ياپونىيە تەۋەلىكىدىكى «پۇقرا» دەپ ئاتاپ، ئۇنى قانۇنسىز ھالدا گۇلاڭيۈدىكى ياپونىيە كونسۇلخانىسىنىڭ يەر ئاستى تۈرمىسىگە قاماپ، تەھدىت سېلىش، ئازدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن پۇشايمان قىلىشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەي، قەتئىي رەت قىلغان، كېيىن تەيۋەنگە يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ توققۇز ئايدىن ئارتۇق قامالغان.

فۇجيەن، تەيۋەندىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قۇتقۇزۇشى ئارقىلىق قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، جۇاڭ شىچۈەن ئامال قىلىپ چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتىپ كېلىپ بۈيۈك ئىنقىلابقا داۋاملىق قاتناشقان ھەم شاڭخەيدە «ئاخبارات گېزىتى»دە ئاشكارا باياناتى ئېلان قىلىپ: «مەن جۇڭگولۇق، قانداقتۇر ياپونىيە تەۋەلىكىدىكى پۇقرا ئەمەس!» دېگەن. ئۇ يەنە ئاتايىتەن ئىسمىنى «جۇاڭ يېجۇڭ»غا ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

1937 ـ يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئومۇميۈزلۈك قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جۇاڭ شىچۈەن شياگاڭدا فۇجيەن ـ تەيۋەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش تۇڭجىخۇيىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، مۇساپىرلارنى قۇتقۇزغان، پۇل توپلىغان، چەت ئەلدىكى تەرەققىيپەرۋەر ياشلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى يەنئەنگە بېرىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا تونۇشتۇرغان. 1938 ـ يىلى ئۇ شياگاڭدا فۇجيەن ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش تۇڭجىخۇيىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، مۇساپىرلارنى قۇتقۇزغان، جيەنگواڭ مەكتىپى، لىخۇا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنى قۇرغان ھەم تەيۋەن ئىنقىلابىي ئىتتىپاقىغا ياردەملىشىپ «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ياپونىيە» ژۇرنىلىنى نەشر قىلغان. 1942 ـ يىلى ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى جەنۇب بيۇروسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شياگاڭدىن گۇاڭشى گۈيلىنغا يۆتكەلگەن. شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جەنۇب خىزمەت كومىتېتى، گۇاڭشى ئۆلكىلىك خىزمەت كومىتېتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، جۇاڭ شىچۈەن خۇاچياۋ سالاھىيىتى بىلەن يەر ئاستى پارتىيە ئەزالىرىنى قوغداپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغان ھەم مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، شياگاڭدىكى بارلىق مال ـ مۈلكىنى سېتىشتىن ئايانماي ئىنقىلابقا مەبلەغ ياردەم قىلغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جۇاڭ شىچۈەن شياگاڭ، سىنگاپورغا قايتىپ، ئىلغار كىنو ۋە ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان. 1947 ـ يىلى شياگاڭدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا كىرگەن ھەم شياگاڭ سودا ـ سانائەت كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە پائال ياردەملىشىپ چەت ئەلدىكى نۇرغۇن بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئىشلىگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، جۇاڭ شىچۈەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى جەنۇب بيۇروسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، ئايروپىلاندا مەخسۇس سىنگاپورغا بېرىپ، چېن جياگېڭنى ۋەتەنگە قايتىپ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىشقا يۈزتۇرا تەكلىپ قىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ جۇڭگو چياۋمىنلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، خې شياڭنىڭ، چېن جياگېڭ، لياۋ چېڭجى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە يېڭى جۇڭگو چياۋمىنلار ئىشلىرى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ئاچقان. ئۇ چياۋمىنلار يۇرتىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، چياۋمىنلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، چياۋمىن قېرىنداشلاردىن ھال سورىغان، ۋەتەنگە قايتقان خۇاچياۋلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، خۇاچياۋلار يۇرتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش، چياۋمىن قېرىنداشلار، ۋەتەنگە قايتقان چياۋمىنلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش، چياۋمىن قېرىنداشلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىگەن.

1956 ـ يىلى، جۇاڭ شىچۈەن چېن جياگېڭغا ياردەملىشىپ مەملىكەتلىك چياۋمىنلار بىرلەشمىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ، مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان. چېن جياگېڭ كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، 1 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك چياۋمىنلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى بولغان. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، ئۇ 90 يېشىدا مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك چياۋمىنلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، 5 ـ ، 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، چياۋمىنلار ساھەسىدىكى مالىمانچىلىقلارنى تۈزەش، چياۋمىنلار يۇرتىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ھەمدە چياۋمىنلار بىرلەشمىسى تەشكىلاتىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بارلىق يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، «چىن يۈرىكىدىن چياۋمىنلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، چىن رىشتىنى چياۋمىنلارغا باغلاش، چياۋمىنلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغان.

1988 ـ يىلى، ئۇ كېسەل سەۋەبىدىن بېيجىڭدا ۋاپات بولغان. جۇاڭ شىچۈەننىڭ ھاياتى ئاجايىپ رەڭدارلىققا تولغان بولۇپ، ھازىرغىچە يەنىلا چياۋمىنلار ساھەسىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)